# 2017-يىلى تۇرپان شەھىرىمىزنىڭ شۇ دەرىجىلىك مالىيە خامچوتىنى تەڭشەش لايىھەسى توغرىسىدا دوكلات

**2018-يىلى 1-ئاينىڭ -كۈنى تۇرپان شەھەرلىك 1-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19-يىغىنىدا بېرىلدى**

تۇرپان ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۇخەنۋېي

ھۆرمەتلىك مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار، باش كاتىپ، ئەزالار:

ھازىر مەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، يىغىنغا «2017-يىلى تۇرپان شەھىرىمىزنىڭ شۇ دەرىجىلىك مالىيە خامچوتىنى تەڭشەش لايىھەسى توغرىسىدا دوكلات» بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭىزلارنى ھەمدە تەشتىقلاپ بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن.

يىل بېشىدىكى شەھەرلىك 1-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3-يىغىنىدا تەستىقلانغان، 2017-يىلى پۈتۈن شەھىرىمىزنىڭ ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى نىشانى 3 مىليارد 475 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2016-يىلدىكى نەقچوت 3 مىليارد 248 مىليون 740 مىڭ يۈەندىن 6% ئاشۇرۇلغان. شەھەر دەرىجىلىكنىڭ ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى نىشانى 492 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2016-يىلدىكى نەقچوت 464 مىليون 490 مىڭ يۈەندىن 6% ئاشۇرۇلغان ئىدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، شەھەرلىك پارتكومنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك نازارەتچىلىكىدە، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مالىيە-باج تارماقلىرى شەھەرلىك 1-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3-يىغىنىدا بېكىتىلگەن نىشان ۋەزىپىلەرنى زىچ چۆرىدەپ،

تەرەققىيات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، مالىيە مەنبەلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، بىرىكتۈرۈش-جانلاندۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چىقىم قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، «ئۈچكە كاپالەتلىك قىلىش» مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق چىقىملارغا كاپالەتلىك قىلىپ، مالىيە خىيىم-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شەھىرىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم-ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 2017-يىلى شەھىرىمىزنىڭ ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى 3 مىليارد 617 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكى خامچوت 3 مىليارد 475 مىليون 460 مىڭ يۈەننىڭ 104.09% تى ئورۇنلىنىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.34% ئېشىپ، 338 مىليون 980 مىڭ يۈەن ئارتۇق كىرىم قىلىندى؛ پۈتۈن شەھىرىمىزنىڭ ئادەتتىكى جامائەت خامچوت چىقىمى 8 مىليارد 856 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكى خامچوت 5 مىليارد 889 مىليون 770 مىڭ يۈەننىڭ 150.36% گە توغرا كېلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16.72% ئېشىپ، 1 مىليارد 168 مىليون 600 مىڭ يۈەن كۆپ چىقىم قىلىندى. شەھەر دەرىجىلىكنىڭ ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى 634 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكى خامچوتنىڭ 128.8% گە توغرا كېلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 36.5% ئېشىپ، 169 مىليون 650 مىڭ يۈەن ئارتۇق كىرىم قىلىندى؛ شەھەر دەرىجىلىكنىڭ ئادەتتىكى جامائەت خامچوت چىقىمى 1 مىليارد 376 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكى خامچوتنىڭ 134.8% گە توغرا كېلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18% ئېشىپ، 209 مىليون 710 مىڭ يۈەن كۆپ چىقىم قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە زور نەتىجىگە ئېرىشتۇق. 2017-يىلى شەھىرىمىز ئېرىشكەن تۈرلۈك ياردەم مەبلىغى 4 مىليارد 636 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى نەقچوت 3 مىليارد 919 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن 717 مىليون 280 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 18.3% ئېشىپ، مالىيەنىڭ جامائەت

مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەرەققىيات ئاساسىمىزنى پۇختىلىدى.

خامچوتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، مالىيە كىرىمى ۋەزىيىتى ۋە شەھەر دەرىجىلىك مالىيە كۈچى مۆلچەرىگە ئاساسەن، پۈتۈن شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ يىللىق مالىيە خامچوتىنى مۇۋاپىق تەڭشەشكە توغرا كەلدى.

## 1. خامچوتنى تەڭشەشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر

1) شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئاساسەن، كىرىم ئۆتكەن يىلدىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشتى، ئەمما يىل بېشىدىكى خامچوتتىن پەرق كۆرۈلدى.

2) يېڭى باج ئايرىش تۈزۈمى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئايرىلغان باج يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈدىغان كىرىم قىلىپ ئۆزگەرگەچكە، كىرىم كۆپەيدى.

3) كۆپ تەرەپلىمە تىرىشىش ئارقىلىق، 2017-يىلى يۇقىرى دەرىجىلىكتىن ئېرىشكەن ياردەم مەبلىغى ئۆتكەن يىلدىكىدىن كۆپەيدى.

4) 2017-يىلى تىرىشىش ئارقىلىق، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن زايوم مەبلىغى كىرىمنى قولغا كەلتۈردۇق

5) ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا بىر قىسىم زۆرۈر چىقىملار كۆپەيتىدى، بۇلارغا مالىيەدىن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر.

**يۇقىرىدىكى ئامىللارنى ئەسىرىدىن، شەھەر دەرىجىلىكنىڭ كىرىم-چىقىم خامچوتىنى تەڭشەش تەكلىپى بېرىمىز.**

## 2. شەھەر دەرىجىلىك كىرىم-چىقىمنى تەڭشەش توغرىسىدا تەكلىپ

1) كىرىم ۋە مالىيە كۈچىنىڭ تەڭشىلىشى

(1) ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى. شەھەر دەرىجىلىكنىڭ ئادەتتىكى جامائەت خامچوت كىرىمى يىل بېشىدىكى خامچوت 492 مىليون

360 مىڭ يۈەندىن 634 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە تەڭشىلىپ، 141 مىليون 780 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى.

(2) يۆتكەپ كېلىنگەن مەبلەغ يىل بېشىدىكى خامچوت 285 مىليون 350 مىڭ يۈەندىن 0 گە تەڭشىلىپ، 285 مىليون 350 مىڭ يۈەن كەمەيتىلدى.

(3) يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈلىدىغان كىرىم 3 مىليون 670 مىڭ يۈەندىن، 81 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە تەڭشىلىپ، 78 مىليون 230 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى.

(4) يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ ياردەمى كىرىمى 239 مىليون 840 مىڭ يۈەندىن 676 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە تەڭشىلىپ، 436 مىليون 230 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى.

(5) يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن يەرلىك ھۆكۈمەت زايومى مەبلىغى كىرىمى 135 مىليون يۈەن بولۇپ 135 مىليون يۈەن كۆپەيتىلدى.

يۇقىرىدىكى تەڭشەلگەن تۈرلەرگە قارىتا، شەھەر دەرىجىلىك نۇقتىلىق باج مەنبەسى ئەھۋالى ۋە نۆۋەتتىكى باج كىرىمىنىڭ خەزىنىلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، شەھەر دەرىجىلىكنىڭ مالىيە كىرىمىنى يىل بېشىدىكى خامچوت 1 مىليارد 21 مىليون 220 مىڭ يۈەندىن، 1 مىليارد 527 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە تەڭشەپ، 505 مىليون 890 مىڭ يۈەن كۆپەيتىش. تەكلىپى بېرىمىز.

2) چىقىمنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

(1) بۇ يىل خەلق تۇرمۇشى چىقىمى ئاشۇرۇلۇپ، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى خىراجىتى كاپالىتى، نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىگە ياردەم بېرىش، يېزىلاردىكى قوش تىللىق يەسلى مائارىپى ياردەمى سىياستى، قىيىنچىلىقى بار مېيىپلار ۋە نۇقتىلىق مېيىپلارنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتتىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئىجرا قىلىنىدى، ھەممىسى 2017-يىلى يىل بېشىدىكى خامچوتتا ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانلىقتىن كۆپەيگەن تۈرلەردۇر.

(2) ج خ، رەپىتىش، سوت، ئەدلىيە قاتارلىق تارماقلارنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ياردەم پۇلى ۋە ياردەمچى ساقچى ياردەم پۇلى، كىرگۈزۈلگەن ئىقتىساسلىقلار ۋە خادىملارنى يۆتكەش قاتارلىق مۇئاش پاراۋانلىق تەمىناتى جەھەتتىكى چىقىملار 2017-يىلى يىل بېشىدىكى خامچوتتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، خىزمەت ئېھتىياجىدىن خامچوت كۆپەيتىلگەن تۈرلەردۇر.

(3) ئايرۇدروم ھاۋا قاتناش لىنىيەسى يادەم پۇلى، تەربىيەلەش مەركىزى، نامراتلارنى يۆلەش-مۇستەھكەملەش قاتارلىق چىقىملار يىل بېشىدىكى خامچوتتا ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان ياكى تولۇق سومىمىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانلىقتىن، چىقىم زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

(4) ئاپتونوم رايوننىڭ مەخسۇس تۈردىكى ياردەم پۇلىنى بەلگىلەنگەن تۈرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش جەريانىدا، ئاساسلىقى مائارىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، توقۇمىچىلىق، كىيىم-كېچەك كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا تاشيول قۇرۇلۇشى، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق چىقىملار.

يۇقىرىدىكى ئامىللارغا ئاساسەن، بىرىنچىدىن، شەھىرىمىزنىڭ مالىيە كۈچى ئەھۋالىغا ئاساسەن، مالىيە چىقىمىنى يەڭشەش: شەھەر دەرىجىلىكنىڭ يەرلىك ئادەتتىكى زجامائەت خامچوت چىقىمىنىڭ يىل بېشىدىكى خامچوت 1 مىليارد 21 مىليون 220 مىڭ يۈەندىن 1 مىليارد 376 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە تەڭشەپ، 456 مىليون 690 مىڭ يۈەن كۆپەيتىش؛ ھۆكۈمەت زايومىنى ئالماشتۇرۇش مەبلىغى چىقىمى 25 مىليون يۈەن بولۇپ، 25 مىليون يۈەن كۆپەيتىش؛ يۇقىرى دەرىجىلىككە ئۆتكۈزۈلىدىغان چىقىم 22 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، 22 مىليون 550 مىڭ يۈەن كۆپەيتىش؛ تۆۋەن دەرىجىلىككە ياردەم بەرگەن چىقىم 101 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولۇپ، 101 مىليون 510 مىڭ يۈەن كۆپەيتىش. ئىككىنچىدىن، يىل بېشىدىكى خامچوتنى تەڭشەش. يىل بېشىدىكى خامچوتتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ

ئىجرا قىلىنمىغان، بىر قېتىمدىلا ئىجرا قىلىنىپ تۈگىمىگەن تۈرلەر قالدۇقى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى چىقىملارنى قىسقارتىش كۆرسەتكۈچى بويىچە قىسقارتىلغان 145 مىليون 719 مىڭ يۈەن، شەھىرىمىزنىڭ نۇقتىلىق تۈرلەر چىقىمىغا تەڭشەپ ئىشلىتىش .

يۇقىرىدىكى تەڭشەش لايىھەسىنى يىغىنچاقلىغاندا، تەڭشەلگەندىن كېيىن 2017-يىللىق مالىيە كىرىم-چىقىمىنى ئۇدۇللىغاندىن كېيىنكى قالدۇق 1 مىليون 660 مىڭ يۈەن كېيىنكى يىلغا قالدۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

4) قەرزنى تەڭشەش خامچوتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى.

يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن زايومنى ئىشلىتىشكە دائىر بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، بۇ يىل قەرزنى تەڭشەش خامچوتىدىن مەمۇرىيەت مۇلازىمەت مەركىزى تۈرىگە ئىشلىتىلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان 10 مىليون مەبلەغنى مەزكۇر تۈر سۈرئەت بويىچە تاماملانمىغاچقا، بۇنىڭدىن 9 مىليون 330 مىڭ يۈەننى سۈپەت-تېخنىكا نازارەتچىلىكى بويىچە تەكشۈرۈپ-ئۆلچەش تۈرىگە تەڭشەپ ئىشلىتىش، يەنى «2010399 باشقا ھۆكۈمەت ئىشخانا بىناسى (ئىشخانىسى) ۋە مۇناسىۋەتلىك ئاپپاراتلار ئىشلىرى چىقىمى» تۈرىنى «2011799 باشقا سۈپەت-تېخنىكا نازارەتچىلىكى ۋە تەكشۈرۈپ-ئۆلچەش ئىشلىرى چىقىمى»غا ئۆزگەرتىش تەكلىپى بېرىمىز.

### 3. ھۆكۈمەت فوندى خامچوتىنى تەڭشەش

1) شەھەر دەرىجىلىكنىڭ كىرىمىنى تەڭشەش ئەھۋالى.

(1) 2017-يىلى شەھەر دەرىجىلىكنىڭ ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمىنى يىل بېشىدىكى خامچوتتىكى 3 مىليون 950 مىڭ يۈەندىن 8 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە تەڭشەپ، 4 مىليون 810 مىڭي يۈەن كۆپەيتىش.

(2) يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ ياردەم مەبلىغى 6 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6 مىليون 770 مىڭ يۈەن كۆپەيتىش.

ھازىرقى ھۆكۈمەت فوندى خامچوت كىرىمى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھۆلەمەت فوندى خامچوتى ئومۇمىي كىرىمىنى 11 مىليون 580 مىڭ يۈەن

كۆپەيتىش.

2) شەھەر دەرىجىلىك چىقىمنى تەڭشەش.

بۇ يىللىق كىرىم ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت فوندى خامچوت چىقىمنى يىل بېشىدىكى خامچوت 3 مىليون 950 مىڭ يۈەندىن 7 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە تەڭشەش (ناھىيە، رايونلارغا ياردەم بەرگەن چىقىم 3 مىليون 880 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

يۇقىرىدىكى تەڭشەش لايىھەسىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، تەكلىپىمىز: ھۆكۈمەت فوندى خامچوتى ئومۇمىي كىرىمى 15 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، 11 مىليون 580 مىڭ يۈەن كۆپەيتىش؛ ھۆكۈمەت فوندى خامچوت چىقىمى 8 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3 مىليون 690 مىڭ يۈەن كۆپەيتىش؛ كىرىم-چىقىمنى ئۇدۇللىغاندىن كېيىنكى قالدۇق 6 مىليون 890 مىڭ يۈەننى كېيىنكى يىلغا قالدۇرۇپ، ھۆكۈمەت فوندى كىرىمگە مۇناسىپ چىقىملارغا ئىشلىتىش .

## 4. دۆلەت كاپىتالى تىجارىتى خامچوتى تەڭشەلمەيدۇ

## 5. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى خامچوتى تەڭشەلمەيدۇ

مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار، باش كاتىپ، ھەيئەتلەر: بىز شەھەرلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە، داۋاملىق يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ھەقىقى تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى بېكىتكەن خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى نەق جايىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق مالىيە كىرىم-چىقىم ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداپ، مالىيەنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تۇرپان شەھىرىمىز ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

دوكلاتىم تۈگىدى، قاراپ چىققايسىزلەر.